

# تېررورچى زادى كىم؟

ئەبۇ ئۆمەر ئابدۇلھەكىم ھەسسان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھىمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# تېررورچى زادى كىم؟

ئەبۇ ئۆمەر ئابدۇلھەكىم ھەسسان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھىمەھۇللاھ)

(اللە تائالا قېرىندىشىمىزنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن!)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تائالانىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تائالانىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تائالانىڭ ياردىمى، مەغپىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تائالا بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

چەكسىز ھەمدۇ - سانالار ئۆز كىتابىدا: ﴿وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ وَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «اللە (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ»[1] دېگەن اللە تائالاغا، دۇرۇت ۋە سالاملار «اللە نىڭ بىر ئادەمنى سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر»[2] دېگەن اللە تائالانىڭ ئەلچىسىگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە ۋە بارچە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان غەرب تەشۋىقات ۋاستىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋە ۋەھشىيلىك قاتارلىق تۆھمەتلەرنى چاپلاشقا ھەمدە شەخسلەر، گۇرۇھلار، خەلقلەرگە ۋە ياكى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان ھەرقانداق كىشىگە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدىغان بۇ دىنىنىڭ روشەن ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن پايدىلاندى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 25- ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

اللّٰه تائالا بىزگە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ، ئۇلارنىڭ بىزنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان قەلبىدىكى ئاداۋىتىنىڭ تىللىرىدا ئاشكارا بولغىنىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا﴾ «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ».[1] ﴿قَدْ بَدَتِ الْبَغْضَاءُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ وَمَا تُخْفِي صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ﴾ «ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر».[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن ، اللّٰه تائالا بىزنى ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىپ ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قېلىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَا أَنْتُمْ أُولَاءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ بِالْكِتَابِ كُلِّهِ وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ قُلْ مُوتُوا بِغَيْظِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ (سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ)، سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ)، ئۇلار سىلەر

[1] سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 118- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ئۇچراشقاندا: ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ‹ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى الله ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)› الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر».[1] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ».[2]

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارغا تېگىشۋاتقان زوراۋان ۋە ۋەھشىي قاتارلىق تۆھمەتلەرگە غەربلىكلەر ۋە رۇسلار ئەڭ لايىقتۇر.

ئىسپانىيە ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقى، ۋەھشىيلىكى ۋە تېررورلۇقىغا ئۆزى ياخشى شاھىد بولۇپ، خرىستىئانلار مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى چىدىغۇسىز ئازاب ۋە كۈچلۈك قورال كۈچى ئارقىلىق خرىستىئانلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، دىنىغا كىرمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ گۆشلىرى ئىت - بۆرىلەرگە يەم بولدى. تارىخ بۇ ۋەھشىيلىكلەرگە ياخشى گۇۋاھ بولالايدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر سالساق، ئەھۋالنىڭ تارىختىكىدىنمۇ زۇلمەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 119- ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنى «ئەركىنلىك، تىنچلىق، ئادالەت ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ھمايە قىلغۇچى» دەپ دەۋا قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئەمەلىيەتتە شۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئىندىئانلارنى كىچىك بالىلارمۇ قېرىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە ۋەھشىي قىرغىن قىلغاندىن كېيىن، يىمىرىلگەن ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇنداقلا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ سومالى ۋە لىۋاندا مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى ئۇ جاللاتلارنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ياۋايىلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارغا تېررورلۇق يۈرگۈزۈش ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنسىزلىقىغا مۇسۇلمانلارنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاش ئارقىلىق قۇرۇلغانلىقىنى ھەممە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، باتىل ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان مۇسۇلمانلارنى تۈرمىلەردە قىيناپ، تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئازابلىغانلىقىنى بايقايمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كۈندە دېگۈدەك كوللېكتىپ قەبرىلەر بايقىلىۋاتىدۇ.

ھالسىرىغان بۈگۈنكى دۇنيا ياۋروپالىقلارنىڭ زوراۋانلىقى ھەممە بوسنىيە ۋە ھىرسك قىرغىنچىلىقى ئالدىدا بويۇن ئېگىپ، ئاتالمىش «خەلقئارا ئەدلىيە مەھكىمىلىرى» ئالدىدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرماقتا.

اللّٰه قا بولغان ئىماندىن باشقا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان ئافغانىستان مۇسۇلمان خەلقىگە رۇسلارنىڭ قىلغان زوراۋانلىقى ۋە ۋەھشىيلىكىگە ئافغانىستان جانلىق شاھىد بولۇپ، رۇسلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قېلىپ قالغان ئاسارەتلەر، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى يەتكەن بارچە زېمىنلاردىكى ئىنسانلارغا قىلغان جىنايەتلىرىگە دەلىل بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنى ئۆز تارىخىدىن بۇيان يۈزى يورۇق ھالەتتە بولۇپ، ئىنسانىيەت ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتىدىنمۇ پاك ۋە سۈزۈك ئادالەتنى كۆرۈپ باقمىدى.

ئىنسانلار خۇددى كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىغا، چوڭلىرى كىچىكلىرىگە رەھىم قىلمايدىغان ئورمانلاردىكى ياۋايى ھايۋانلاردەك قەبىھ ھالەتتە ھەمدە الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىغان ئەڭ مۇدھىش ئەھۋالدا پەيغەمبەر ﷺ ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا نامراتلىق ۋە ئار - نومۇستىن قورقۇپ قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن ئىبارەت جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان بۇ ناچار ئادەتتىن، مەيلى ئېسىل كىشىلەردىن بولسۇن ياكى ئاددىي كىشىلەردىن بولسۇن ھېچبىر كىشى خالىي ئەمەس ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئىنسانلارنى ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشقا، ئادالەت ۋە مىزاننى بەرپا قىلىشقا بۇيرۇپ؛ تاشلار، دەل - دەرەخلەر ۋە تىرىك تاغۇتلاردىن ئىبارەت الله تىن باشقا مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە يامان ئەخلاقلاردىن توسۇپ؛ كىشىلەرنى ئۆچمەنلىك، ئۆزئارا ھەسەت قىلىش ۋە ناھەق ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلەپ؛ تەۋھىد، ئادالەت ۋە قېرىنداشلىق بايرىقى ئاستىدا ئىناق ياشاشقا يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى كۆرۈپ، الله نىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىرگەن بولسىمۇ لېكىن بەزىلەر بۇ دىنغا قارشى توسۇقلارنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنى قىينىدى، ئازابلىدى ۋە سۈرگۈن قىلدى ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شەھىد قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم بىر ماكانغا ھىجرەت

قىلىشقا بۇيرۇدى. اللە تائالا ئىنسانىيلارغا ئۆز دىنىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلار ئىسلامغا توپ - توپ بولۇپ كىردى ھەمدە ئىززەت ۋە ئادالەتنىڭ رەببى بولغان اللە تائالا ئۆزى بايان قىلغىنىدەك، مۇسۇلمانلار ئادالەت ۋە ھەققانىيەت دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئىسلام دىياردىكى قانۇنلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلغان ئاساستا قوغدىلىدۇ. تەۋھىد يولىدا مۇستەھكەم تۇرغان، ئۆزى ياكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلمىغان كىشىگە ھېچكىمنىڭ كۈچ ئىشلىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ ھەمدە ئۇ كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى زۇلۇم قىلىنماستىن ئادالەت بىلەن جازالىنىدۇ.

تارىخ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى ئادالىتىنىڭ ئۆرنەكلىك مىساللىرىنى خاتىرىلىۋالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئادىللىقى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، سەمەرقەنتلىكلەر راشىد خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا ئۈچ كۈن ئاگاھلاندۇرماستىن كىرگەنلىكىنى شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قازىنى بۇ مەسىلىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشقا بۇيرۇدى. قازى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانى باش ئەگدۈرگەن غالىب قوشۇنىنى سەمەرقەنتتىن چىقىپ، شەھەر ئەھلىنى ئۈچ كۈن ئاگاھلاندۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى. غەلىبىنىڭ تەمىنى تېتىغان، دۈشمەنلەرنى باش ئەگدۈرگەن بۇ غالىب قوشۇن شەھەردىن چىقىپ كەتتى. نەتىجىدە سەمەرقەنتلىكلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ دىنىنىڭ ئادالىتىنى كۆرۈپ اللە نىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىردى.

بۇ ھالەتنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان ياپونىيىنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكى ئاراللىرىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان ئامېرىكىنىڭ قەبىھلىكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئامېرىكا مىڭلىغان ئىنسانلارنى قىرغىن قىلىپ، مىليونلىغان ئىنسانلارنى يارىدار قىلدى ۋە دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈردى. ياپونىيىنىڭ بۇ ئىككى ئارىلىدىكى ئاتوم بومبىسى پارتلاشتىن پەيدا بولغان يامان تەسىر ھازىرغىچە يوقالغىنى يوق. مانا بۇ، ئۆزىنى كېچە - كۈندۈز «ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى ھىمايىچىسى» دەپ بىلجىرلاۋاتقان ئامېرىكىنىڭ نەقەدەر ۋەھشىي ۋە زوراۋان ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس.

فەتىھ بولغان رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىتىنى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدا قىلغان جىنايەتلىرىگە ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟!

ئۆزىنى «دېموكراتىيىنىڭ بىرىنچى ھىمايىچىسى» ۋە «ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ سېپى ئۆزىدىن بىر تېررورلۇق دۆلىتى ئىكەنلىكى تولۇق نامايەن بولىدۇ.

1862- يىلىدىن 1886- يىلىغىچە، ئاق تەنلىك تاجاۋۇزچىلار ۋە بۇگۈنكى ئامېرىكىغا ئاساس سالغۇچىلار بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئىندىئانلارغا قاتتىق زۇلۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ 80%نى قىرغىن قىلىپ، قېلىپ قالغان ئىندىئانلارنى كىرسە چىققىلى بولمايدىغان قويۇق ئورمانلارغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى.

ئاق تەنلىكلەر (يەنى ئامېرىكىلىقلار) ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنى ئېكىنزارلىقتا ۋە كانلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئافرىقىدىن تۇتۇپ كەلدى ھەمدە ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ 90%نى قىرغىن قىلىپ، جەسەتلىرىنى دېڭىزلارغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ھايات قالغانلىرىنى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى قارا تەنلىكلەر قوزغىلىڭى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۇنجى قوزغىلاڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئابراھام لىنكولىن دەۋرىدە يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا «پەيتۇن قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ مەيدانغا كەلدى. 1967- يىلى، مارتىن لوزىركىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ باشلاندى. ئامېرىكا بىخەتەرلىك كۈچلىرى قوزغىلاڭچىلارنى ئايىماستىن قاتتىق باستۇردى. ئاتالمىش «دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى ھىمايىچىسى»نىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، ئامېرىكا قارا تەنلىك ئىنقىلابچىلارنى ئىنسان دەپ قارىمىدى.

ئامېرىكىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارغان ئىچكى ئۇرۇشى ۋە 1861- يىلدىن 1865- يىلغىچە سوزۇلغان يېڭى ئامېرىكىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا 80 مىڭدەك ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۇرۇشلارنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەيرانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس.

1945- يىلى، ئامېرىكا ياپۇنىيىنىڭ خىروشىما شەھىرىنى تارىختىكى تۇنجى ئاتوم بومبىسى بىلەن بومباردىمان قىلدى. بومباردىماندا ئەۋتا دەرياسىنىڭ يەتتە تارماق ئېقىنىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەيۋى كۆۋرۈكى

نىشان قىلىنغان ئىدى. گەرچە بومبا ئەسلى نىشاندىن 800 مېتىر خاتا كەتكەن بولسىمۇ، سائەت 8:15 مىنۇت ئۆتكەندە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 66 مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 69 مىڭ كىشى ئون مىڭ تونىنلىق بىسىمدىكى پارتلاش تەسىرىدە يارىدار بولدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، خىروشىما شەھىرىگە ئوخشاش ناگاساكى شەھىرىمۇ بومباردىمان قىلىندى لېكىن بۇ شەھەرگە تاشلانغىنى يادرو بومبىسى بولۇپ، بۇ بومبا نىشاندىن ئىككى يېرىم كىلومېتىر خاتا كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا شەھەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا چۈشتى. بىر سېكۇنت ئىچىدە 422 مىڭ ئاھالىسى بار بولغان بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى 383 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. بومباردىماندا 39 مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 25 مىڭ كىشى يارىلاندى. ئامېرىكىلىق ھەربىي مۇتەپەككۇرلار ئۆزىنىڭ «ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپىدا قىزىل چەك يوق» دېگەن سۆزى بىلەن ماختىنىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا گېرمانىيىگە بىر قۇرۇقلۇقنى تولۇق پارتلىتىپ ۋەيران قىلىشقا يەتكۈدەك مىقداردا بومبا تاشلاپ، ئۆي، زاۋۇت، كارخانا ۋە ئەسكىرىي گازارمىلارنى پۈتۈنلەي بومباردىمان قىلدى. بۇنىڭغا ئامېرىكا قوماندانلىرىمۇ گۇۋاھلىق بېرىشىۋاتىدۇ.

1951- يىلى، ئامېرىكا كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شىمالىي كورىيەگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى، بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر ۋە يارىلانغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. پۇقرالارنىڭ بەرگەن قۇربانلىقى

ئەسكەرلەرنىڭ بەرگەن قۇربانلىقىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى.

1964- يىلى ۋيېتنام ئۇرۇشى پارتلىغاندا ، ۋيېتناملىقلار سەككىز يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا تەخمىنەن ئىككى مىليون ئادەمدىن ئايرىلدى ، ئۈچ مىليون ئادەمى يارىلاندى ۋە 12 مىليون ئادەمى مۇساپىر بولۇپ ئۆي - ماكانسىز قالدى. ئامېرىكىلىقلاردىن ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالاردىن بولۇپ 57 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ ، 153303 ئادەم يارىلىنىپ ، 587 ئادەم ئەسىرگە چۈشتى.

1965- يىلى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى (CIA) ئىككى مىليونغا يېقىن نامرات دېھقانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان قانلىق قوزغىلاڭدىن كېيىن ، سۇھارتونى ھىندونېزىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاردى.

1973- يىلى ئامېرىكا ، چىلىنىڭ زۇڭتۇڭى سولفادۇر لىينىدىغا قارشى ، گېنېرال ئوغىستۇ بىنۇشىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. نەتىجىدە ، بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش زۇڭتۇڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە ، مىڭلارچە چىلى پۇقرالىرى ، ياۋروپالىق ھەتتا ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. بۇ پاجىئەلەر (ئامېرىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان) ئەسلىدىكى سولچىل چىلى ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېلىپ چىققان ئىدى.

1980- يىلى ، ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان نىكاراگۇئا جۇمھۇرىيىتى ئۆكتىچى پارتىيىلەرنى ئارىلاشتۇرماي سىياسەت تەگشەشكە ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە ساندىنىستا ھۆكۈمىتى يىقىلدى.

1983- يىلى ، ئامېرىكا نومۇس قىلماي لىۋاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا

ئاربلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى «مارىيىنز»نىڭ 241 ئەسكىرى بىرۇتتىكى «مارىيىنز» ھەربىي بازىلىرىنىڭ مەلۇم بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنا بومبىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئۆلدى.

1986- يىلى، لىۋىيەنىڭ تىرابلۇس ۋە بەنغازى شەھەرلىرى ھۇجۇمچى ئايروپىلان ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

1990- يىلى، ئامېرىكا ھۆكۈمەت كۈچلىرى بىنماغا بىۋاستە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، بىنما زۇڭتۇڭى مانۋىيل نورىيگانى «زەھەرلىك بۇيۇملار دېلوسى»غا چېتىشلىق دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇرمىگە تاشلىدى.

1990- يىلى، ئىراق - كۇۋەيت ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ زور دەرىجىدىكى ھەربىي كۈچىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە پارس قولتۇقى رايونلىرىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئالىبۇرۇن تۈزۈپ بولغان پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى.

1991- يىلى، ئىراققا قارشى «ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى» باشلىنىپ، 527 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى توپلاندى. بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكا ئارمىيىسى مىڭ تونىنا ئەتراپىدا پارتلاتقۇچ ۋە رادىئوئاكتىپلىق ماددىلارنى ھاۋادىن تاشلاپ، مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ۋە يۈز مىڭلىغان ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1994- يىلى، ئامېرىكا قاتارلىق ئىرقىي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتلەر «دېموكراتلاشتۇرۇش» نامى ئاستىدا ھايتى جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

1992- يىلدىن 1994- يىلغىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئافرىقىنىڭ قەرن

رايوننىغا 28 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئەۋەتتى، بۇ ئەسكەرلەر سومالىلىقلارغا قارشى ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. قىرغىنچىلىق جەريانىدا كىشىلەر تىرىك ھالەتتە ئوتقا قاقلىنىپ كاۋاپ قىلىندى. 1994- يىلىغا كەلگەندە، ئونلارچە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈشى نەتىجىسىدە خار ھالەتتە سومالىدىن چېكىندى.

1998- يىلى، ئامېرىكا «كېنىيە ۋە تانزانىيىدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىش ۋەقەسى بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئافغانىستاننىڭ بەزى رايونلىرىنى ۋە سۇداننىڭ تېببىي ئۆل - ئەسلىھەلىرىنى بومباردىمان قىلدى، بۇ بومباردىماندا ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.

2001- يىلى ئامېرىكا «11- سېنتەبىر ۋەقەسى»گە جاۋاب قايتۇرۇش نامى بىلەن ئافغانىستانغا ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇملاردا ئامېرىكا ئافغانىستانغا قىرغىن قىلىش خاراكتېرلىك بومبىلارنى تاشلاپ، قىرغۇچى قورال‌لار سىنىقى ئېلىپ باردى. رادىئوئاكتىپلىق بومبىلارنىڭ تەسىرىدە تەخمىنەن 18 مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ھاياتىدىن ئايرىلدى ۋە ياردار بولدى.

1991- يىلدىن 2003- يىلغىچە، ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە «ئىراقنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار خەتەرلىك» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىراقنىڭ بەزى رايونلىرىنى ۋە ئۇ يەردىكى ئۆل - مۇئەسسەسەلەرنى بومباردىمان قىلدى. بۇ، ئىراق خەلقىگە قىلىنغان قورقۇنچلۇق خاتا پەرەز بولۇپ، بومباردىمانغا ئىراقتىكى ھۆكۈمدارلار پىسەنت قىلىپ قويمىدى. لېكىن ئىككى مىليونغا يېقىن ئىراقلىق مۇسۇلمانلار ھاياتىدىن ئايرىلدى ۋە

ياردار بولدى.

2003- يىلى «ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن ئىراققا قارشى ۋەھشىيانە ئۇرۇش باشلاندى ۋە مىڭلارچە خەلق بۇ ئۇرۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئامېرىكىنىڭ جىنايەت زەنجىرى تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ، دۇنيادىكى «تۆنجى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان هوقۇقلىرى هىمايىچىسى»نىڭ جىنايەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئاشكارىلانماقتا. مەخپىي ئېلىپ بېرىلغىنى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئىشلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى مەخپىي قىلىنغىنىدۇر.

مانا بۇ، هازىرقى دەۋردىكى ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇزۇق ئىمپېرىيىنىڭ جىنايەت ئارخىپى.

ئىسلام هۆكۈملىرى هەققىدە كىتاب كۆرۈپ باققان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتكە چاقىرىدىغانلىقىنى، ۋەيرانچىلىق ۋە زۇلۇم بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى؛ قوماندان ۋە ئەمىرلەر ئىختىيارىي ئۆزگەرتىدىغان، هاكىم ۋە رەهبەرلەرنىڭ هاۋايى - هەۋەسلىرى بويىچە ماگدىغان يەرلىك دىن ئەمەس بەلكى ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان هەق دىن ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، هەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر».[1]

ئىسلام دىنىدىكى جىهاد زۇلۇم ۋە كۇفۇر ئەهلىنى؛ دەۋەت، بايان ۋە

[1] سۈرە مۇلك 14- ئايەت.

ئوچۇق ھۆججەت كەلگەندىن كېيىن الله تائالاغا داۋاملىق شېرىك كەلتۈرۈۋاتقانلارنى؛ مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ياكى ئىنسانلارنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە مەجبۇرلاۋاتقانلارنى يولىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىرلارغىمۇ مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾ «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ». ① ئالىملار بۇ يەردىكى تاجاۋۇزنى «ئەسلى ئۆلتۈرمەسلىككە تېگىشلىك بولغان، ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئايال - بالىلار ۋە جەڭ قىلالمايدىغان قېرىلارنى ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېلىپ بارغان غازاتلىرىنىڭ مەلۇم بىرىدە بىر ئايالنىڭ جەستى ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرگەن قىلمىشنى ئەيىبلىدى». ②

كەسىر ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ: بەنى قۇرەيزىدىن ئىككى كىشى ماڭا قۇرەيزە كۈنى ئۆزلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە،

---

① سۇرە بەقەرە 190- ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بالاغەتكە يەتكەن ياكى ئەۋرەتىگە تۈك چىققانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بالاغەتكە يەتمىگەن ياكى ئەۋرەتىگە تۈك چىقمىغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.[1]

رەباھ ئىبنى رەبىيئ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە قاتناشقان بىر غازاتتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كىشىگە: «قاراپ باققىن، ئۇلار نېمىگە توپلىشىۋاپتۇ؟» دېدى، ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ: «بىر ئايالنىڭ جەسىتىگە» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئايال كىشى ئۇرۇش قىلمايدىغان تۇرسا!» دېدى. ئۇ كىشى سەپنىڭ بېشىدا خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشىنى ئەۋەتتى ۋە: «خالىدقا دېگىن، ئاياللار ۋە خىزمەتكارلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دېدى.[2]

ئەسۋەد ئىبنى سەرىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ بىر ئۇلاغ غەنىيمەت ئالدىم. ئۇ كۈندىكى جەڭدە كىشىلەر كىچىك بالىلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن ئىدى. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەددىدىن ئېشىپ كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرگىدەك بۇ كىشىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى. بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلارمۇ مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى ئىدى» دېدى. ئاندىن كېيىن: «كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ھەربىر جان ئىسلامي

---

[1] نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەقىدە ئۇستىگە توغۇلىدۇ، تىلى چىققاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى ناسارا قىلىدۇ» دېدى.①

مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە چاقىرىدىغان بۇ دىن تېررورلۇققا چاقىرغۇچىمۇ ياكى ئۇرۇشتا چوڭ - كىچىكنى ئايرىماي ئۆلتۈرىدىغانلار تېررورلۇققا چاقىرغۇچىمۇ؟ بومبىلىرى ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى بالىلارنى، ئاياللارنى ۋە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرىدىغانلار ھەقىقىي تېررورچىلاردۇر. ئىراقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پاجىئەسىگىمۇ ئۇزۇن بولمىدى. «ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى»دا ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلار، ياشانغانلار، ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ مىڭلارچە ئىنسان ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىسى تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋە ۋەھشىيلىك دېگەن سۈپەتكە ئەڭ لايىق؟ مۇسۇلمانلارمۇ ياكى «ياۋروپا يەھۇدىي - ناسارا ئىتتىپاقى»مۇ؟

ئىسلام دىنى ئۆلۈكلەرگىمۇ ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىدىغان، مەيلى ئىنسان ياكى ئۇچار قۇش بولسۇن جانلىقلارنى قىيناشتىن توسىدىغان ھەمدە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن جەسەتلەرنى ئۆزگەرتىشتىن چەكلەيدىغان دىندۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئەلئەنسارىي مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋە مۇسلە قىلىشتىن توسقان ئىدى.②

ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ:

① ئەھمەد رىۋايىتى.

② بۇخارى رىۋايىتى.

«كىمكى بىرەر جانلىقنى مۇسلە قىلىپ (يەنى ئۆزگەرتىپ)، ئاندىن تەۋبە قىلمىغان بولسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنى مۇسلە قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.①

ئىنسان ھەر قانچە چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆيدۈرۈپ جازالاشتىن توسقان ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى بىر قوشۇن بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر پالانى ۋە پالاننى ئۇچراتساڭلار (ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى — رىۋايەت قىلغۇچىدىن) كۆيدۈرۈۋېتىڭلار». ئاندىن مېڭىش ئالدىدا تۇرساق، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى <پالانى ۋە پالاننى ئۇچراتساڭلار كۆيدۈرۈۋېتىڭلار> دەپ بۇيرۇغان ئىدىم، ئوت بىلەن ئازابلاش پەقەت الله قا خاستۇر، ئەگەر ئۇلارنى ئۇچراتساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار».②

ئوتتا كۆيدۈرۈپ جازالاشتىنمۇ چەكلەيدىغان ئىسلام دىنى ۋەھشىيمۇ ياكى مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ جانلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان، ھەر كۈنى يەر يۈزىدىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مىڭلارچە بومبىلارنى ياسايدىغانلار ۋەھشىيمۇ؟

ئىسلام دىنى، چىركاۋلىرىدا ئىبادەتنى قىلىپ، ئىنسانلارنى ئىسلامدىن چىقىش ۋە خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە چاقىرمايدىغان ھەمدە

---

① ئەھمەد رىۋايىتى.

② بۇخارى رىۋايىتى.

كاپىرلارنى مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىشقا كۈشكۈرتمەيدىغان پوپلارنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نەجران ئەھلى بىلەن يېرىمىنى سەپەر ئېيىدا، قالغان يېرىمىنى رەجەپ ئېيىدا مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ، 2000 كىشىلىك كىيىم ئۈچۈن توختام تۈزدى. بۇ توختامغا ئاساسەن، يەمەندە بىرەر توقۇنۇش چىقىپ ياكى خىيانەت يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلار ئوتتۇز ساۋۇت، ئوتتۇز تۆگە، ئوتتۇز ئات ۋە ئۆزلىرى ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ھەر تۈرلۈك قوراللاردىن ئوتتۇزدىن مۇسۇلمانلارغا ئامانەت شەكلىدە بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ قوراللارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر كېپىل بولىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ مۇناستىرلىرى ئۆرۈلمەيدۇ، دىنىي زاتلىرى ھەيدەپ چىقىرىلمايدۇ. ئۇلار بىرەر ۋەقە تۇغدۇرمىغان ياكى جازانە يېمىگەنگە قەدەر ئۆز دىنلىرىدا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇلمايدۇ».[1]

ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇ بۇ قوشۇننى يولغا سېلىش ئۈچۈن يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ئۆز ئېتىقادىغا كۆرە ‹الله ئۈچۈن ئىبادەت قىلىۋاتىمىز› دەپ خەلقتىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئالغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلارغا چېقىلماي ئۆز ھالىغا قويغىن. كېيىن چاچلىرىنى ئوتتۇرىدىن چۈشۈرۈۋالغان بىر خەلقنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگىن. مەن سېنى مۇنداق ئون تۈرلۈك ئىشقا تەۋسىيە قىلىمەن:

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئاياللارنى، كىچىك باللارنى، بەك قېرىپ كەتكەنلەرنى ئۆلتۈرمىگىن؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمىگىن؛ ئاۋات بىنالارنى ۋەيران قىلمىغىن؛ قوي ۋە تۆگىلەرنى پەقەت يېيىش ئۈچۈن بوغۇزلىغىن؛ خورمىزارلىققا ئوت قويمىغىن؛ ئۇنى سۇغا باستۇرۇۋەتمىگىن؛ غەنىيمەتلەرگە خىيانەت قىلمىغىن ۋە قورقۇنچاقلىق قىلمىغىن». [1]

ئىسلام دىنى ھايۋاناتلارغىچە ھۆرمەت قىلىدىغان بىر دىن بولۇپ، زۆرۈر بولمىغاندا ئۇلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى چۆمۈلە چېقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۆمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىش ئەمرىنى بەردى. نەتىجىدە، چۆمۈلە ئۇۋىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغدا الله ئۇنىڭغا: ‹سېنى بىر چۆمۈلە چېقىۋالسا، سەن الله قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بىر ئۇممەتنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتتىڭ› دەپ ۋەھيي نازىل قىلدى». [2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ چۆمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە غورۇلاي [3] قاتارلىق تۆت خىل جانلىقنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى. [4]

---

[1] ئىمام مالىك رىۋايىتى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

[3] غورۇلاي — بىر خىل قۇش بولۇپ، ماكىلىيى بىلەن بېشىنىڭ ئىككى يېنى قارا، بوينى كۆل رەڭ، دۈمبىسى قىزغۇچ قوڭۇر، دۈمبىسىدە قارا رەڭلىك دولقۇنسىمان توغرا يوللىرى بار، ھاشارەت ۋە كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ (تەرجىماندىن).

[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جانلىقلارنى (قارىغا ئېلىش ئۈچۈن) نىشان قىلماڭلار». [1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ جانلىق نەرسىلەرنى (قارىغا ئېلىش ئۈچۈن) نىشان قىلىپ تاللاشتىن توسقان ئىدى. [2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قۇچقاچنى ئۆزرىسىز بوغۇزلىسا ياكى ئۆلتۈرسە ، الله ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى ئۇ ھەقتە سورايدۇ». [3]

ئەجەبا قۇچقاچقىمۇ ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەيدىغان بۇ دىن تېررورلۇق دىنىمۇ؟ ئەجەبا ئەزىيەت بەرمەيدىغان چۈمۈلىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسىدىغان بۇ دىن ۋەھشىيلىككە ۋە زوراۋانلىققا چاقىرىدىغان دىنمۇ؟ ئۆز دىنىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى بولغان پوپلاردىن ئىبارەت كىشىلەرنىڭ جېنىنىمۇ قوغدايدىغان بۇ دىن تېررورلۇق ياكى زوراۋانلىق دىنىمۇ؟

يۇقىرىقى تۆھمەتلەرنى بىلجىرلاپ يۈرگەن ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ، الله نىڭ شەرىئىتى تۈرغۇزۇلغان زېمىنلاردا مۇقىملىق ئەمەلگە ئېشىپ ، كىشىلەر ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى ۋە جىنايەت يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ ناھايىتى

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى ، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد رىۋايىتى ، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد رىۋايىتى.

تۆۋەن ئىكەنلىكىنى تامامەن بىلىدۇ. چۈنكى بۇ دىن ھېكمەتلىك ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولغان زات اللە تائالا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئادالەت بىلەن نازىل قىلغان دىندۇر.

وآخر دعوانا أن الحمدلله رب العالمين.

﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا﴾

«ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ».

سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.